مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز: 3

# ساختىپەزلىك

دوكتور باھاددىن ئاقباش

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
**2011**

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدار كۆكتۈغ
تەھرىرى: س. كۆكتۈغ
كوررېكتور: س. كۆكتۈغ
بەتچىك: ئا. روزى توختى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

ئالاقىلىشىش ئادرىسى:
Ördek Kasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt.
No: 108 D: 5 Çapa - Fatih/İstanbul/Türkiye
Tel: 0090 - 212 - 523 28 77
E - mail: infon@maarip.org

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز............................................... 5

مۇقەددىمە............................................. 11

ساختىپەزلىك ئەخلاقىي مەسىلىدۇر....... 15

ئېتىقادتا ساختىپەزلىك.......................... 29

سۆز ساختىپەزلىكى ................................ 35

كېلىشىم ۋە ئەھدىدە ساختىپەزلىك....... 39

رەسمىيەت ساختىپەزلىكى ....................... 41

ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مەھسۇلات ۋە سودا ـ سېتىق ساختىپەزلىكى ................. 43

مۇئامىلە ساختىپەزلىكى ......................... 57

ئىلمىي ساھەدىكى ساختىپەزلىك .......... 63

ساختىنىڭ زىتى: ھەق ۋە ھەقىقەت ......... 65

خاتىمە .................................................... 69

# كىرىش سۆز

ئىنسان ـ جەمئىيەتتە ياشايدىغان مەۋجۇدىيەتتۇر. توپلىشىپ ياشايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر شەخس ئۆز ھەق ـ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلالايدۇ.

﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەت ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتكە ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، ﴿ئۇ كۈن (قىيامەت كۈنى ، دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن)

---

[1] سۈرە قىيامەت، 36 ـ ئايەت.

نىيئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1]

دېگەن ئايەت ئەقىلدىن تارتىپ بېرىلگەن سان ـ ساناقسىز نىيئمەتلەر ئۈچۈن ئىنسانىنىڭمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلماقتا.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە داۋالغۇش ھاسىل قىلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنسانىيەت شان ـ شەرىپىگە لايىق پارلاق كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ زىممىسىگە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر چۈشمەكتە. بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانلىق ئالىمىنى تەھدىت قىلىۋاتقان ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي ئاپەتلەر، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، تەڭسىز رىقابەت، ئەخلاقىي گۇمرانلىق، مەنىۋىيەتنىڭ كىرلىنىشى، كەيىپ قىلغۇچى ماددىلارغا ئۆگىنىپ قېلىش، ئېتىقادسىزلىق، زۇلۇم، پارىخورلۇق،

---

[1] سۈرە تەكاسۇر، 8 ـ ئايەت.

سەھىيە شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، مائارىپ ۋە قانۇن ساھەسىدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، تارىخىي ۋە مەدەنىي بايلىقلارنىڭ يوق قىلىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىئالوگ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىكى كەمچىللىك، ئۆزگە يات نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالماسلىق ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ماكاندا ھوزۇر ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشاش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەھشىيلىك ۋە تېرورىزمغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئىچىدە ياشىماقتىمىز.

بۇ مەسىلىلەر پەقەت مەلۇم بىر جاي، رايون ياكى خەلقنىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدۈرمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى تېگىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ياكى خەلقئارا جەمئىيەتتە چارە - تەدبىرلەر ئىزدەنمەكتە.

ئەسلىدە بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولغان بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىكىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقىمىز ياتماقتا. بۇ

سەۋەپتىن بۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم. شۈبھىسىزكى، بىز ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئېتىقاد ۋە تەلىملىرى بىلەن 14 ئەسىردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەن نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامدۇر.

بۈگۈن، ئىنسان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن، ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۆرەشكىچە پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى ياكى دۆلەتلىرى دىنىنىڭ مۇداخىلىسىگە، ياردىمىگە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا «مۇقەددەس كۈچ»كە موھتاج بولماقتا.

ئىسلام دىنى زامانىۋىلىققا ياردەم بېرەلەيدىغان، زامانىۋي دۇنيا ئۈچۈن يېڭى دىنىي چارىلەر تېپىپ بېرەلەيدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە دىندۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇقەددەس دىنىمىز بۇيرىغان ۋە تەۋسىيە قىلغان تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ياردەملىشىشكە ئوخشاش پرىنسىپلارغا قۇلاق سېلىپ، بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى بىلىشىمىز، مۇرىنى -

مۇرىگە تىرىشىمىز، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى بېشىمىزدىن بىللە ئۆتكۈزۈشىمىز، ياشىغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىجتىمائىي ياردەملىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئاساس قىلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىز، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز، شاد ـ خوراملىق ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە تولغان ئەتىلەرگە بىرلىكتە يېتىشىمىز لازىم.

نەشرىياتىمىز خەلقىمىزنىڭ دىنىي تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرى ۋە بىرلىكىنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلە ئىچى مەسىلىلىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىدا ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈلۈۋاتقان قالايمىقانچىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت جىنايەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا پەرۋاسىز قاراش، ناچار ۋە يامان خۇي ـ ئادەتلەرگە ئوخشاش ئاممىۋي شەكىلدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىي جەھەتتىن كەڭ جامائەتچىلىككە يول كۆرسىتىشنى ۋە بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولغان خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىشنى، بۇ

مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ۋە تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلمەكتە. ئىناق ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغان، بىر - بىرىمىزگە ئىنسان سۈپىتىدە ھۆرمەت ۋە شەپقەت كۆرسىتىدىغان بىر دۇنيا بەرپا قىلىشتا مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەبەدىي ئۆچمەس مەشئەل قىلىشنى مەقسەت قىلماقتىمىز.

بۇ مەقسەتتە تەرجىمە قىلىنغان «مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز» ناملىق بۇ ئەسەرلەر تىزىسى زامانىۋي مەسىلىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى، كۈنىمىز دۇنياسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇلغان توغرا چۈشەنچە بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى، توغرا بولغان دىنىي چۈشەنچىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەنىۋىيەتنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# مۇقەددىمە

جەمئىيەتتە ئارامبەخش، سالامەت ۋە خاتىرجەم ياشاش بەكمۇ مۇھىم. ئىجتىمائىي ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى ھۆرمەتلىشى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق، باشباشتاقلىق، خاتىرجەمسىزلىك، ساختىپەزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك يامراپ كېتىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولماقتا. بولۇپمۇ، كۈندىلىك ھاياتتا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان «ساختىپەزلىك»لەر ئىنسانلارنى چوڭقۇر قايغۇلاندۇرماقتا ۋە گۇمانخور قىلىپ قويۇۋاتماقتا. جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچ ئۇللىرىنى تەۋرىتىپ، ئىنسانلارنى قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىككە سېلىۋاتقان «ساختىپەزلىك»نىڭ بەكمۇ مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق.

دەۋرىمىزدە ساختىپەزلىكنىڭ چەك ـ چېگرىسى بەكمۇ كېڭىيىپ كەتتى. يېقىندا ساختا ماللارنى ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەقەلىرىدىن ساختىپەزلىكنىڭ دائىرىسى ۋە زىيىنىنى تېخىمۇ ئوچۇق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يالغانچىلىق، تەقلىدچىلىك ۋە ئىستېمالچىلارنى ئالداش نىيەت قىلىنغان ساختىپەزلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ھەر بىر خەۋەر ۋە ماقالە بىز سەل قاراپ كېلىۋاتقان بەزى كەلىمە ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى يادىمىزغا سالماقتا. «ئىجتىمائىي ئەخلاق» كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بۇ بىپەرۋالىقلارنى «ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كېتىش» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىجتىمائىي قۇرۇلمىمىزنى تۈپ يىلتىزىدىن غاجاۋاتقان «ساختىپەزلىك»تىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى كېسەللىكنى پەقەت ماددىي قىيىنچىلىق، خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ كەمچىللىكى ۋە ئىشسىزلىق قاتارلىق ئىقتىسادىي سەۋەبلەرگىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ئېسىل ئەنئەنىلەر ۋە يېمىرىلىپ كېتىۋاتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىمۇ

ساختىپەزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە تۆرتكە بولۇۋاتقان تۆپكى ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

# ساختىپەزلىك ئەخلاقىي مەسىلىدۇر

ئاللاھ تائالا ئىنساننى: ﴿بىز ئۇلارنى (ئىنساننى) مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1] دەپ تەرىپلىمەكتە. ئىنساننىڭ زىممىسىگە تاغۇ ـ تاشلار كۆتۈرەلمەيدىغان ﴿ئامانەت﴾ يۈكلەنگەن[2]. ئاللاھ تائالا ئىنساننى: ﴿مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن﴾[3] ۋە ﴿بىكارچى﴾[4] قىلىپ ياراتمىدى، بەلكى ئۈستىگە مەسئۇلىيەت ئارتىپ، ﴿يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى﴾[5] قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۆز

---

[1] سۈرە ئىسرا، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 72 ـ ۋە 73 ـ ئايەتلەرگە؛ سۈرە ھەشر، 21 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە قىيامەت، 36 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[4] سۈرە مۇئمىنۇن، 115 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[5] سۈرە ئەنئام، 165ـ ئايەتكە؛ سۈرە بەقەرە، 30ـ ئايەتكە؛ سۈرە ساد، 26ـ ئايەتكە؛ سۈرە ئەئراف، 69 ـ ئايەتكە ۋە سۈرە نەمل، 62 ـ ئايەتكە قاراڭ.

قـوللـىرى بىـلـەن ياراتقـان ئىنسـانغا[1] مەلـۇم بىـر باسـقۇچتىـن كېيىـن، «ئىلاھىـي روھ»نـى پـۈۋلەش ئـارقىلىق، ئـۇنى شـەرەپلىك قىلغـان[2]. بەقەرە سۈرىسـىنىڭ 31 ـ ئايىتىـدىن 34 ـ ئـايىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا بايـان قىلىنغىنىـدەك، ئـاللاھ تائـالا ئىنسانغا تىل ۋە مەۋجۇداتنىـڭ ئىلمىنـى ئۆگىنىـپ بىلىـش قـابىلىيىتى ۋە ئىمكـانىيىتى بېرىـپ، ئـۇنى پەرىشـتىلەردىنمۇ ئۈسـتۈن قىلـدى. تەبىئەتتىكـى ھەممە نەرسە ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن مانـا مۇشـۇنداق مۇھىم ۋە قىممەتلىك جـانلىق بولغـان ئىنسـاننىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇلدى[3] ۋە خىزمىتىگە بېرىلدى[4].

ئەپسۇسكى، قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ بۇ مۇسبەت تەرەپلىرىنـى بايـان قىلىـش بىـلەن بىـرگە، ئۇنىـڭ ئـاچكۆز، زەئىـپ، ئـاجىز، ئالدىراقسـان، زالىـم، نـادان، نـانكور، تويمىغـۇر قاتـارلىق ئىللەتـلەرگە غەرق

---

[1] سۈرە ساد، 75 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە ھىجر، 29 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە لوقمان، 20 ـ ئايەتكە؛ سۈرە نەھل، 12 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[4] سۈرە ھەج، 36ـ ئايەتكە؛ سۈرە جاسىيە، 12 ـ ئايەتكە ۋە سۈرە لوقمان، 20 ـ ئايەتكە قاراڭ.

ئىكەنلىكىنى[1]، ئۆزىنى پەرۋەردىگارىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈپ، ھەقتىن ئاداشقانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويماقتا.

گەرچە ئىنساننىڭ مانا مۇشۇنداق ھەم ئىجابىي ھەم سەلبىي تەرەپلىرى تەڭ مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ئىرادە ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان ئىنسانغا قىلىشى ياكى قىلماسلىقى كېرەك بولغان ئىشلارنى ئۆگەتتى. ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلغان ۋە پۈتۈن ئالەمنىڭ خۇلاسىسى ھېسابلىنىدىغان ئىنسان ئەنە شۇ مۇكەممەل يارىتىلىشىغا لايىق رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈشى كېرەك. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ قىممىتى ۋە ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشىغا باغلىق.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلاردىن كىملەرنىڭ تېخىمۇ ئېسىل خۇلققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىنى، ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى ياراتقان[2]. ئەڭ ئېسىل خۇلققا ئىگە بولۇش ۋە ئاللاھقا قارشى كەلمەسلىكنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئىنسانلار: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ

[1] سۈرە مەئارىج، 19 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مۇلك، 2 ـ ئايەتكە قاراڭ.

ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئۆزلىرىگە ماياك قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىم ئەڭ قىممەتلىك؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ مۇتتەقى بولغانلار» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى[2].

ئۆزىنى گۇناھ ۋە ھاراملاردىن ساقلايدىغان، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان مۇتتەقى ئىنسانلار دىنىي ئەمىر - مەرۇپ ۋە نەھيى - مۇنكەرلەرگە رىئايە قىلىدۇ، ھىيلە ۋە ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان قانۇن - تۈزۈملەرگە بويسۇنىدۇ، ئېسىل ئەخلاقلىق بولىدۇ، قۇرئاننىڭ جانلىق مىسالى، ئەخلاقى ۋە ھاياتى قۇرئاندىن ئىبارەت بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇرۇست ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىنىڭ ئىمان بىلەن زىچ

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان: «بەندىنىڭ قەلبى دۇرۇست بولمىغىچە، ئىمانى دۇرۇست بولمايدۇ؛ دىلى دۇرۇست بولمىغىچە، قەلبى دۇرۇست بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئۆزىگە دەستۇر قىلىدۇ. ئەنە شۇندىلا، ئۇلۇغ ئاللاھقا ۋە ئىنسانلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدۇ، سۆز - ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىدە پۇتۇنلەي سەمىمىي بولىدۇ.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۇلى بولغان دىن ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھەردائىم ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان مۇئمىن بەندە باشقىلارغا ئەسكىلىك قىلمايدۇ، يامان قىلىق - ھەرىكەتلەرگە مايىل بولمايدۇ، ئىنسانلارنى ئالدىمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ. چۈنكى دىنىي ئېتىقادى ئۇنىڭغا ھەر بىر قىلمىشىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن.

دىنىمىز ئىنسانغا دۇنيانىڭ ھالال نېئمەتلىرىدىن ئىسراپ قىلمىغان ھالدا پايدىلىنىشقا يول قويغان. ئەمما بۇنىڭ ئۇچۇن غايە

ۋە ۋاستە يوللۇق (ھالال) بولۇشى كېرەك. ئىنساننىڭ غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىنى يوللۇق دەپ بىلىشى توغرا ئەمەس. ئەكسىچە بولغاندا، جەمئىيەتتە ئەخلاق، مېھرى ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. قولى ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭمۇ نېئمەتلەردىن يوللۇق ۋە ھالال يوللار ئارقىلىق پايدىلىنىشى ئۈچۈن كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئاستىدا ئەجىر، مېھنەت ياتماقتا. ئۇلۇغ دىنىمىز ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلغۇچى يوللارنىمۇ چەكلىگەن ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەر تۈرلۈك مۇبالىغىدىن يىراق، ئوتتۇرا ھال يول تۇتىدىغان، ئاقىل ئامما ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[1]. قۇرئاندا يەنە: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقنا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[2] دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزنىڭ ئۈلگىلىك جەمئىيەت بولۇشىمىز كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ياخشىلىق، سەمىمىيەت ۋە ئادالەت ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىگە مەرھەمەت، ھەق ۋە ئادالەتتىن ئايرىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەقسىزلىقنىڭ ھەر قانداقىنى ھارام قىلغان بولۇپ، ئىنسانلارغا ھەقسىز مۇئامىلە قىلماسلىقنى تاپىلايدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقىغا ئۇل سېلىپ، يامانلىقلاردىن قوغداشنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ ھۆكۈم بارلىق دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ تۈپكى غايىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ياخشىلىق ۋە يامانلىققا مايىل قىلىپ يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىنسانغا ياخشىنى ياماندىن، توغرىنى خاتادىن، پايدىنى زىياندىن، دۇرۇستلۇقنى ساختىپەزلىكتىن ئايرىيالايدىغان قابىلىيەت، ئەقىل - پىكىر ئىلتىپات قىلىنغان. قۇرئانى كەرىمنىڭ: ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى﴾[1] دېگەن ئايىتى مانا بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. بۇ يەردىكى ”فۇجۇر“ ئۇقۇمىنىڭ ئىچىگە ھەر تۈرلۈك يامان، زىيانلىق ۋە گۇناھلىق سۆز، پېئىل ۋە ھەرىكەتلەر

[1] سۈرە شەمس، 7 - ۋە 8 - ئايەتلەر.

بىلەن بىرگە، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ھىيلە ـ مىكىر ۋە ساختىپەزلىك كىرىدۇ. ”تەقۋا“ ئۇقۇمىنىڭ مەنە دائىرىسىگە بولسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇش، راستچىللىق ۋە دۇرۇستلۇق قاتارلىق ھەر تۈرلۈك گۈزەل سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەر كىرىدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، بىر ئىنسان ياخشى، توغرا ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىمۇ مۇمكىن، يامان، خاتا ۋە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشىمۇ مۇمكىن.

شۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتتە سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى دۇرۇست، ئەخلاقلىق ئىنسانلار بولۇش بىلەن بىرگە، ئەخلاقسىز ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدىغان، ساختىپەز ئىنسانلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. دىن ــ ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ ئىككى خىل قابىلىيەتنى توغرا يۆلىنىشكە باشلاپ، كىشىنى ئىمانلىق، سالىھ دۇرۇست، ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئىسلام دىنى ﴿سىراتۇل مۇستەقىم﴾ يەنى «توغرا يول»دۇر[1]. مۇئمىن ھەر كۈنى بەش ۋاقىت نامىزىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە: ﴿رەببىمىز، بىزنى

[1] سۈرە فاتىھە، 5 ـ ئايەتكە قاراڭ.

تـوغرا يولغا باشـلـىغىن!﴾ دېگەن ئـايەتنى ئوقۇغانـدا، ھەم رەببىگە يالۋۇرىدۇ ھەمـدە ھاياتىـدا دۇرۇسـت بولۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. مانا بۇ ئىقرار بىلەن ئـوي ـ پىكىر، ئىش ـ ھەرىكىتىنى توغرىلاشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا راستچىل، دۇرۇست بولۇشقا پەرمان بەرمەكتە.

﴿(ئى مۇھەممەد!) اللە سېنى بۇيرۇغانـدەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) اللەنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، اللە قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]؛ ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «اللە نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، اللە بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ

[1] سۈرە ھۇد، 112 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، الله (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

دىن ــ دۇرۇستلۇقتا ئەكس تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ مۇئامىلىدىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن قوللىنىلغان سۆز ـ مۇئامىلىلەر تەبىئىي ھالدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ھىيلە ۋە ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

ھىيلە ۋە ساختىپەزلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەمەس، بەلكى ناچار ئەخلاقنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، شۇڭا ھېچكىم ساختىپەزنى ياقتۇرمايدۇ ۋە قوللىمايدۇ. دۇرۇستلۇق، راستچىللىق، سەمىمىيلىك قاتارلىقلار گۈزەل ئەخلاقنىڭ نامايەندىسى؛ ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىككە ئوخشاش

---

[1] سۈرە شۇرا، 15 ـ ئايەت.

قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆز، پېئىل ۋە مۇئامىلىلەر بولسا، ناچار ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىنسانلارنى ئالداش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەردىن پايدىلىنىپ قوللىنىلغان ساختىپەزلىك كېيىنچە ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ساختىپەز كىشىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ئالدامچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاشمايدۇ، ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى ھۆرمەتلىمەيدۇ ۋە ئۆز قىلمىشىدىن قىلچىمۇ خىجىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئار ـ نومۇس ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇيىلىش ـ ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر»[1]، «ئۇيالمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىل!»[2] دېيىش ئارقىلىق، نومۇسسىز ۋە ھاياسىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خالىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقسىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يەنە: «مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان جەھەتتىن ئەڭ كامىل بولغىنى ـ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر»[1]، «سىلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىكلىرىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرىڭلاردۇر»[2]، «قىيامەت كۈنى، مۆئمىننىڭ مىزانىدا (تارازىسىدا) ۋەزنى گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان ھېچبىر نەرسە يوقتۇر»[3] قاتارلىق ھەدىسلىرى ئارقىلىق، گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۆئمىننىڭ ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئىسلام دىنىدا ۋاجىب قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىنساننى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ ئىنساننى بارلىق يامانلىقلاردىن ۋە ھارام ئىشلاردىن توسۇپ قالىدىغانلىقى[4]، روزىنىڭمۇ ئىنساننى يامانلىق ۋە ھاراملاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان[5].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[5] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەتكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يالغان سۆز ۋە يالغان ئىشنى تاشلىمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە (يەنى روزا تۇتۇشىغا) ئېھتىياجى يوقتۇر»[1]؛ «روزا تۇتىدىغان قانچىلىغان ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ روزىدىن نېسىۋىسى پەقەت ئاچ ۋە ئۇسسۇز قېلىشتىن ئىبارەتتۇر. كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدىغان قانچىلىغان كىشىلەر بار ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ نامازدىن نېسىۋىسى پەقەت ئۇيقۇسىز قېلىشتىن ئىبارەتتۇر»[2].

ئۆزى، سۆزى ۋە مۇئامىلىسى دۇرۇست ۋە ئەخلاقلىق بولمىغان، ھىيلە، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلار ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىنى ئاڭقىرالمىغان ئىنسانلار ھېسابلىنىدۇ.

ئالدامچىلىق، ئويدۇرمىچىلىق، ھىيلىۋازلىق، قويمىچىلىق ۋە يالغانچىلىق قاتارلىقلار ساختىپەزلىكنىڭ تۈرلىرىگە كىرىدۇ.

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ساختىپەزلىك قۇرئاندا «خىدئە»[1] تېرمىنى بىلەن بايان قىلىنغان بولسا، ھەدىسلەردە «غىش»[2] كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، گۈزەل ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنىنىڭ ساختىپەزلىككە چېتىشلىق بولۇشى ۋە ساختىپەزلىككە كۆز يۇمۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز: «مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»[3] دېگەن. مانا بۇ ھەدىستە ئىپادىلەنگىنىدەك، دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن بىرى ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلىش، ئۇلارنى يامان ۋە سەلبىي قىلمىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

---

[1] سۈرە نىسا، 142 ـ ۋە 143ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.

# ئېتىقادتا ساختىپەزلىك

ئىمان ياكى (يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا) ئېتىقادنىڭ ئۈلى مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە سەمىمىي تەستىقتا تايىنىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتى ــ قەلبنىڭ تەستىقى بولۇپ، قەلبنىڭ تەستىقى ئىماننىڭ ئۆزگەرمەس ئەسلى ئۇنسۇرىدۇر. ئېغىزدا تەستىقلىغاندىن باشقا، چىن قەلبتىن تەستىقلىغاندىلا، ئىمان ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىمان ئاساسلىرىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىش ــ ئېتىقادتىكى ساختىپەزلىكتۇر.

دىنغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمىسىمۇ، دىلىدىكى ئىنكارنى يوشۇرۇپ، تىلى بىلەن ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇ بىلدۈرگەن ئىمان ئاساسلىرىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى مۇئمىن كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلار «مۇناپىق» ھېسابلىنىدۇ. مۇناپىقنىڭ يۇقىرىقى جۈملىدە تىلغا ئېلىنغان قىلمىشى بولسا، نىفاق دەپ ئاتىلىدۇ. «مۇناپىق» ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، باشقىچە كۆرۈنىدىغان،

ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان كىشىلەردۇر.

مۇناپىقلىق — ئېتىقادتىكى ساختىپەزلىك كېسەللىكىنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىكتۇر. مۇناپىقلار دىنغا ئىشەنمەي تۇرۇپ، بىر قاتار ماددىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار كاززاپتۇر[1]. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ ئىمانى رىياكارلىقتىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ. مۇناپىقلار بىردە ئىمان ئېيتسا، بىردە ئىنكار قىلىپ، ئىككى ئارىدا توختىماي قاترايدۇ ۋە ھەمىشە رىياكارلىق دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك ئۇلارنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاللاھنى[2] ۋە مۇئمىنلەرنى[3] ئالداشقا ئۇرۇنىدۇ، شەخسلەر ۋە جەمئىيەتكە ھەمىشە

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

[2] سۈرە نىسا، 142 ـ ۋە 143 ـ ئايەتلەرگە؛ سۈرە بەقەرە، 9 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە بەقەرە، 9 ـ ئايەتكە؛ سۈرە ئەنفال، 62 ـ ئايەتكە قاراڭ.

زىيانكەشلىك قىلىدۇ[1]، ئىبادەتلىرىگە ھەر دائىم رىيا ئارىلاشتۇرىدۇ ۋە باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىدۇ[2]. گۇناھ ئۆتكۈزۈش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەمىشە مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ[3].

قۇرئان كەرىمدە ئېتىقاد ساختىپەزلىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان جايلىرىنىڭ جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمى ئىكەنلىكى بايان قىلىنماقتا[4]. تىلىدا ئىشەنگەنلىكىنى ئېيتسىمۇ، قەلبىدە ئىنكار قىلغانلار ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئالداپ، ئېتىقادتا ساختىپەزلىك قىلغان كىشىلەر (قۇرئاننىڭ ئىپادىسى بىلەن) گاس، گاچا ۋە قارىغۇدۇر[5].

ئېتىقادتا ساختىپەزلىك قىلغانلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىككى يۈزلىمچى ۋە ئىككى خىل خاراكتېرنى بىرلا

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 3 ـ ئايەتتىن 6 ـ ئايەتكىچە قاراڭ.
[2] سۈرە نىسا، 142 ـ ئايەتكە قاراڭ.
[3] سۈرە مۇجادەلە، 8 ـ ئايەتكە؛ سۈرە نىسا، 108 ـ ئايەتكە قاراڭ.
[4] سۈرە نىسا، 145 ـ ئايەتكە قاراڭ.
[5] سۈرە بەقەرە، 18 ـ ئايەتكە قاراڭ.

ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانلىق ئېتىبارىنى يوقىتىدىغان ئېتىقاد ساختىپەزلىرى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ﴿مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا...﴾[1].

ھەرقانداق يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىككە ئوخشاش، ئېتىقاد ساختىپەزلىكىنىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇھەققەق. ساختا ئېتىقادچىلارنىڭ سەمىمىيەتسىزلىكى ئەمەلىي مەشغۇلاتتا چېنىپ قالىدۇ. بۇ خىل (يەنى ئىككى يۈزلىمىچى) روھىي ھالەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قىيىنچىلىق ۋە سەلبىي ۋەزىيەت قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

﴿مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)، كىمنى اللە گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن﴾[2]؛ ﴿ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق

[1] سۇرە بەقەرە، 14 ـ ئايەت.

[2] سۇرە نىسا، 143 ـ ئايەت.

سالىسەن، (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۆمىنلەرگە) دۇشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، الله ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ!﴾[1]

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئېتىقادسىز ساختىپەزلەرنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ»[2].

يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ ئۈچ خىل ئالامەتلىككە: «كېلىشەلمىسە ھەقسىزلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر قوشۇمچە قىلىنغان[3].

ھايا ۋە ئاز گەپ قىلىش ئىماننىڭ ئالامىتى دەپ قارالسا، چىركىن سۆز ۋە ھەددىدىن تولا گەپ قىلىش نىپاقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ[4].

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 4 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئېتىقاد ساختىپەزلىكى مەلۇم مەزگىلگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ھەمىشە داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىپاق ئاالامەتلىرىدىن يىراق تۇرۇش بارلىق ئىنسانىيەتكە قىلىنغان چاقىرىق بولۇپ، مۇئمىنلەرمۇ ئۆز ئىمانىغا تامامەن زىت كېلىدىغان ئىفاق ئاالامەتلىرىدىن ۋە ئېتىقاد ساختىپەزلىرىگە خاس سۆز ـ مۇئامىلىلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇشى لازىم.

# سۆز ساختىپەزلىكى

مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ يارىتىلغان ئىنساننىڭ ئۆزى ھەم سۆزى راستچىل بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى راستچىل بولۇش ۋە يالغانچىلىقتىن قېچىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۆمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾[1]؛ ﴿سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، اللهقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[2]؛ ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾[1]؛ ﴿ئى مۆمىنلەر! اﷲنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اﷲتىن قورقۇڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[2]؛ ﴿ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. اﷲ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ بۇ ھەقتە: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان

---

[1] سۈرە ھەج، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 8 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېيتقانلار يا توغرا ۋە پايدىلىق گەپ قىلسۇن ياكى لام ـ جىم دېمىسۇن!» دېگەن[1].

ئىنسان گەپ ـ سۆزدە دۇرۇست ۋە راستچىل بولۇش پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ كېتىپلا قالسا، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك پاتقاققىغا پېتىپ قالىدۇ. گەپ ـ سۆزلىرىگە يالغاننى ئارىلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتكە زىت بايان قىلىش، پىتنە ـ ئىغۋا، ئويدۇرما سۆزلەرنى تارقىتىش، راستنى ئېيتماسلىق، يالغان خەۋەر ئويدۇرۇش ۋە يېزىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلار ئۆزى ۋە سۆزى ئېتىبارى بىلەن ئىنسانغا يارىشىدىغان راستچىللىق پرىنسىپىغا خىلاپ قىلمىشلار بولۇپ، بۇ قىلمىشلار ساختىپەزلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. گەپ ـ سۆزى ئارقىلىق ساختىپەزلىك قىلغانلار ئالدامچى، ساختىپەز دەپ ئاتىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ساختىپەزلىك ــــ جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ، تىنچلىقنى بۇزىدىغان، ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان، گۈزەل ئەخلاققا

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تامامەن زىت كېلىدىغان، شۇنداقلا ھېچكىم ياقتۇرمايدىغان قىلمىشتۇر.

# كېلىشىم ۋە ئەھدىدە ساختىپەزلىك

ئىنسانلار ئۆز ئارىلىرىدا تۈزۈشكەن كېلىشىم ۋە ئەھدىنامىلەرگە رىئايەت قىلىشى كېرەك. بەرگەن ئەھدىگە ۋە تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، توختامغا ئەمەل قىلماسلىق قاتارلىقلار ساختىپەزلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلارمۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا دىن بۇ خىل قىلمىشلارنى ھەرگىز توغرا تاپمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ساختىپەز قىلمىشلار قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾[1] ۋە: ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[2]

---

[1] سۈرە مائىدە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئىسرا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاتــارلىق ئــايەتلىرى ئــارقىلىق چەكلەنــگەن ۋە كېلىشىم، ئەھدە ۋە ۋەدىلەرگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

# رەسمىيەت ساختىپەزلىكى

ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئازغىنە ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە غايىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق يولنى مۇباھ دەپ قاراش ئىنسانغا بەكلا سەلبىي تەسىر بېرىدۇ ۋە ئۇنى تۇيۇق كوچىلارغا باشلاپ قويىدۇ. ئەپسۇسكى، بەزى كىشىلەرنىڭ دۆلەت ھۆججىتى، دىپلوم، چەك، كىملىك، پاسپورت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رەسمىيەتلەردە ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇ قىلمىش رەسمىيەت ساختىپەزلىكى ياكى رەسمىيەتتە ساختىپەزلىك قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ساختا پۇل بېسىش، كىتاب ـ ژۇرنال، ئۈنتەخسە، سىنتەخسىلەرنى بىسوراق كۆپەيتىپ تارقىتىش، باشقىلارنىڭ نامىنى قوللىنىش، ساختا ماركا، ساختا مۆھۈر، ساختا تامغا، ساختا ۋىزا، يالغان ئادرېس، ساختا يېشىل كارتى، يالغان ئىسىم، ساختا چەك، ساختا سالامەتلىك كىنىشكىسى، ساختا ئىمزا، ساختا تالون، ساختا دوكلات، ساختا بىلەت، ساختا ئەسەر، ساختا نومۇر تاختىسى، يالغان رېتسېپ، ساختا

ئوغۇت، يالغان ئىشخانا، يالغان فوندى جەمئىيەت، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم توپلاش نامىدا يالغان پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، باشقىلارنىڭ كرېدىت كارتىنى كۆچۈرۈۋېلىش ۋە ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساختىپەزلىككە كىرىدۇ. مانا بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بولۇپلا قالماستىن، باشقا جىنايى قىلمىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ قىلمىشلار كىشىنى ھەم ئالدامچىلىققا ھەم ناھەق ئېرىشىۋالغان ھارام تاپاۋەتكە باشلاپ بارىدۇ. دىنىنىڭ بۇلارنى تەستىقلىشى مۇمكىن ئەمەس - ئەلۋەتتە. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ساختىپەزلىك - شەخس ۋە دۆلەتنىڭ ھەق - ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلار جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، ئادالەتسىز، چىركىن قىلمىشلار بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن قاتتىق چەكلىنىدۇ.

# ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مەھسۇلات ۋە سودا ـ سېتىق ساختىپەزلىكى

بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، تىجارەت قىلىۋاتقان ياكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ھەرقانداق كىشى ئۆز ئىشىدا چوقۇم ئەھلى (ئۇستا) بولۇشى ۋە ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. «قۇشقاچ بولسىمۇ، قاسساپ سويسۇن» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بىر جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىدە مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشى ياكى مۇئەسسەسەلەر چوقۇم ساغلام، سۈپەتلىك ۋە پايدىلىق ماللارنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. مۇسۇلمان تۈرك خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان: «ھەر ئىشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ساغلام، سۈپەتلىك مال ئىشلەپچىقىرىش» پەلسەپەسى بىلەن

يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئاھىلىق[1] ھازارىتىنىڭ ئەھمىيىتى ھەممىگە ئايان. ئەمما بۇ مەدىنىيەتنىڭ دەۋرىمىزدە زەئىپلىشىپ كېتىشى، مەنىۋىيەتتىكى قاشاڭلىشىش، ئىنسان ئاملى ۋە قۇل ھەققىگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېتىبارنىڭ سۇسلىشىپ بېرىشى، شۇنداقلا ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي بوھرانلار سەۋەبىدىن بەزى مال ۋە مەھسۇلاتلاردا ساختىپەزلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئوچۇق كۆرۈلمەكتە.

جەمئىيەتتە ساختىپەزلىكنىڭ نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىشى ۋە ساختىپەزلىككە ئادەتلىنىپ قېلىشتەك خەتەرلىك ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىۋاتماقتا. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇلارغا بىردىنلا بېيىپ كېتىش، ھەددىدىن ئارتۇق نەپ ئۈندۈرۈش ھېرىسى قوشۇلغاچقا، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇمى بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرگىچە ھەممە نەرسىنىڭ ساختىسى ئىشلەپچىقىرىلماقتا ۋە بازارلارغا سېلىنماقتا.

---

[1] ئاھىلىق: كونا تۈرك ئادەتلىرىدىن كەلگەن، بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئاناتولىيەدە بەكمۇ كەڭ يېيىلغان، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن، دېھقان قاتارلىق بارلىق ھۈنەر ـ كەسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەشكىلات.

ساختىپەزلىك باشقىلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىگە ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە بىھۆرمەتلىك قىلىپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ ئېغىر زىيان ۋە تەھدىتلەرنى سالماقتا. ئىنسان سالامەتلىكىدە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئوكۇل ـ دورىلاردىكى ساختىپەزلىكنىڭ كۆلىمى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ بارماقتا. ئىنسانلار ساختا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئوكۇل ـ دورىلار تۈپەيلىدىن ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولماقتا، ھەتتا زەھەرلىنىپ قېلىۋاتماقتا. ساختىپەزلەر ھەر خىل ھىيلە ۋە ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، يالغان دورا ـ ئوكۇل ئىشلەپچىقارماقتا ۋە بۇلارنى راست مال سۈپىتىدە بازارغا سالماقتا. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئوكۇل ـ دورىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەرت ـ شارائىتلىرى تولۇق ھازىرلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، قاچىلاش، ساقلاش، بازارغا سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىنسان سالامەتلىكىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم باشتىن ـ ئاياغ قاتتىق تەكشۈرۈلۈشى لازىم. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇكى، مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس ۋە ئورگانلارنىڭ ئالدى بىلەن

ئۆز ۋىجدانىنى ئاپتوماتىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە دەڭسەپ كۆرۈشى كېرەك.

زامانىمىز ئىنسانلىرى تېخىمۇ كۆپ ماددىي ئىمكانلارغا ئىگە بولۇش، تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىش، تېخىمۇ كۆپ كەيپ ـ ساپالىق، راھەت ـ پاراغەت تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتماقتا. بۇ بەسلىشىش ۋە ھەددىدىن زىيادە نەپسكە ئېرىشىش ھېرىسى ۋاقتىدا تورمۇزلانمىسا، ئىنساننى خاتا ۋە ھەقسىز تاپاۋەت يوللىرىغا باشلاپ قويىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، دۇرۇستلۇق ۋە راستچىللىق پرىنسىپىنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق قاپلاپ كېتىۋاتماقتا. ئېسىل ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلەرنىڭ بىر چەتكە قايرىلىپ قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ساختىپەزلىكلەر دۇرۇستلۇق، سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام ئېتىقادىغا تامامەن زىت قىلمىشلاردۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئۆز ئارىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئۈچۈق ـ يورۇق ۋە راستچىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانلار ھەردائىم بىر ـ بىرى بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان سودا ـ

سىيتىق ئىشلىرىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ[1].

تاپاۋەتنى ھالال ۋە توغرا يوللاردىن تېپىش ۋە تەمىن ئېتىش ھەر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان دىنىي مەجبۇرىيىتى. بۇنىڭ ئاساسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىمەنلىكىدىن شەكىللىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىمان ئېيتىشى قانداق مۇھىم بولسا، سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈشمۇ شۇنداق مۇھىم. باشقىلارنىڭ ھۆر ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق قىلىش، قىسقىسى، ساختىپەزلىكنىڭ ھەرقانداق قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ قىلمىشلار كىشىنىڭ رازىلىقى ۋە ھۆر ئىرادىسىگە كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ، غورۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

سودا ـ سېتىق ۋە تىجارەت ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلاردىن بىرى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر ھەقسىز ۋە باتىل شەكىلدە ئەمەس، بەلكى يوللۇق ۋە دۇرۇست

[1] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەتكە قاراڭ.

شەكىلدە؛ ئالدامچىلىقتىن يىراق، ھالال تاپاۋەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، ئەمما ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ كىشىلەر (يەنى مۇسۇلمانلار)نىڭ قانۇنسىز يوللاردىن پايدىلىنىپ تاپاۋەت ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشىشىنى، ئالدامچىلىق، ھىيلە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىلمىشلارغا ئارىلىشىشىنى، بىر ـ بىرىنىڭ ماللىرىنى ئورۇنسىز يېۋېلىشىنى چەكلىدى. ھەقسىزلىق، ساختىپەزلىك ۋە ھارام يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن تاپاۋەت ۋە مەنپەئەت باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش بولۇپ، ھەرقانداق دەخلى ـ تەرۇزنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، زالىمنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلارنى زالىملاردىن بولۇپ قالماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ھەقسىز ۋە قانۇنسىز يوللار بىلەن ئېرىشىلگەن تاپاۋەت ھەر تۈرلۈك ساختىپەزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرلىكتە، شەخس ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىنىڭ دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىشىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شەخسكە، جەمئىيەتكە زىيان سېلىشقا ۋە ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان

ھەرقانداق مۇئامىلە ئالدى بىلەن (بىر جەمئىيەتتىكى) ھوزۇر ۋە ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سودا ـ سېتىقتا مۇئامىلىسى دۇرۇست ۋە ئىشەنچلىك تىجارەتچىلەرنىڭ شېھىدلار بىلەن بىللە ھەشىر قىلىنىدىغانلىقىنى[2]، ساختىپەزلەرنىڭ بولسا، دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقىنى[3] ئېيتقان بولۇپ، سودىدا ئالدانغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ساھابىگە: «ئەمدى سودا قىلساڭ: ”سودىدا ئالدامچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ“ دېگىن!» دېگەنىدى[4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كۆز بويامچىلىق قىلىپ باشقىلارغا ئەيىبناك مالنى سېتىشنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق تىجارەتچىنىڭ ھەمىشە ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى[5]، بۇ قىلمىشنىڭ تاپاۋەتنىڭ بەرىكىتىنى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەتكە قاراڭ.
[2] دارىمى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئۇچۇرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى[1]. مانا بۇ ھەدىسلەر باشقىلارنى ئالداشنىڭ ھارام، يامان ۋە خاتا قىلمىش ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەم دۇنيا ھەم ئاخىرەتلىك مەسئۇلىيەت تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

دىنىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى ھوقۇقىي ۋە تىجارىي مۇناسىۋەتلەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق - يورۇق، دۇرۇست ۋە ئىشەنچلىك بولۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېتىلىدىغان تۆگە ياكى باشقا چارۋا مالنىڭ يېلىنىغا سۈت يىغىشنى چەكلەپ كەلگەن ھەدىسىگە كۆرە، مۇشۇنداق مالنى ئالغان كىشىنىڭ سودىغا رازى بولۇش ياكى ۋاز كېچىش ئىختىيارلىقى بار بولۇپ، ئەگەر ئۇ مالدىن سۈت ساغقان بولسا، ساغقان سۈتى ئۈچۈن (مال ئىگىسىگە) خورما بېرىدۇ[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مالنىڭ يېلىنىغا سۈت يىغىپ سېتىشنى ھىيلە دەپ قارىغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەرمۇ بار[3]. شۇڭا مالنىڭ يېلىنىغا سۈت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

يىغىپ سېتىش مەسىلىسى فىقھى ئەسەرلەردە ساختىپەزلىك ۋە ئۇنى ھەل قىلىش يوللىرىنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمەكتە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان، مەسىلەن، كىيىمنى يېڭى كۆرسىتىش ئۈچۈن بوياش، تۈگمەنىنىڭ سۈيىنى ئۇلۇغ كۆرسىتىش ئۈچۈن، سۇنى بېشىدىن بىر مەزگىل بوغۇپ قويۇپ، كېيىن بىراقلا قويۇپ بېرىشتەك مەسىلىلەرمۇ مۇشۇ يوسۇندا ھەل قىلىنماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېغىلغان سۈت ئۈچۈن خورما تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا خورمىنىڭ ئەلۋەك ئىكەنلىكى ۋە ئاسان تېپىلىدىغانلىقى، مال سېتىۋالغۇچى ئېرىشكەن نەپ (يەنى سۈت)مۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە دەپ قارالغانلىقىدىن ئىدى.

ھەقسىز يەرگە زىيان تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇچۇق – يورۇق ۋە دۇرۇست بولۇشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشمۇ بەك مۇھىم. ئىسلامدا مالغا ھىيلە ئارىلاشتۇرۇش، خېرىدارنىڭ ساددىلىقى ياكى ئىشەنچىدىن پايدىلىنىپ، مېلىنى ئەرزان ئېلىۋېلىش ياكى قىممەت سېتىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ چەكلىنىشى مانا بۇ ئاڭنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان ھەر تۈرلۈك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كېسەللەر داۋالىنىش ئۈچۈن ئالىدىغان دورا ـ ئوكۇللارغا ھىيلە ئىشلىتىش، چىرىپ كەتكەن، ۋاقتى ئۆتكەنلىرىگە يېڭىدىن ماركا چاپلاپ بازارغا سېلىش قاتارلىق قىلمىشلار ئىنسان ھاياتى بىلەن ئوينىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى چىرىگەن، ۋاقتى ئۆتكەن، ھىيلە ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئوكۇل ـ دورىلار ئىنسانلارنىڭ ۋاقىتلىق ياكى ئۆمۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بەزىلىرى بىۋاستە ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا بۇ ساھەلەردىكى ساختىپەزلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش بەكمۇ مۇھىم.

ئىنسانلارنىڭ ياخشى نىيىتى ياكى ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالداش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش، ئىسلام ئەخلاقىغا تامامەن زىت قىلمىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[1]؛ ﴿سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە،

---

[1] سۈرە رەھمان، 9 ـ ئايەت.

تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر﴾[1]؛ ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يېۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2]؛ ﴿اللهنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[3]؛ ﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ،

[1] سۈرە ئىسرا، 35 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەت.

الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾[1] قاتارلىق ئايەتلەر ئارقىلىق سودا ـ سېتىقتا ھېيلە ۋە ساختىپەزلىكتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇماقتا.

ماللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە بازارغا سېلىنىشىدا ساختىپەزلىك قىلىش قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىپلا قالماي، دىنىي ئەمرلەرگىمۇ قارشى چىقىش ۋە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

سۈپەتسىز، بۇزۇق ۋە زىيانلىق مال ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇ ماللارنى سېتىش؛ ئىش، ۋەزىپە ۋە كەسپتە ھېيلە ئىشلىتىش؛ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سېتىش؛ ساختا ھەسەل سېتىش؛ چىرىپ، قۇرتلاپ كەتكەن، ھەتتا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى بازارغا سېلىش؛ ساختا قىزا ۋە كولباسا ئىشلەپچىقىرىش؛ مالنى ئەسلى تەننەرخىدىن ھەسسىلەپ قىممەت باھادا سېتىش؛ مالنى كەم ياكى خاتا تارتىپ بېرىش؛ ساختا تالون كۆرسىتىپ، ھەقسىز كىرىم قىلىش؛ مال ئىشلەپچىقىرىشتا ماتېرىيالنى كەم قوللىنىش؛ يالغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتىكى

[1] سۈرە نەھل، 90 ـ ئايەت.

ساختىپەز قىلمىشلارغا مىسال بولالايدۇ. مۇشۇلارغا ئوخشاش ساختا مال ۋە ساختا قىلمىشلار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداش ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس ۋە ئورگانلار دۇرۇست ۋە راستچىللىق پرىنسىپىدىن ئايرىلماسلىقى، باشقىلارغا زىيان سالماسلىقى ۋە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ھەدىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى سودا ـ سېتىقتىكى ساختىپەزلىككە قارشى ئاگاھلاندۇرغان:

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئالدىغا بۇغداي سودىگىرى ئۇچرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بۇغداينى قانداق سېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى، ئۇ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى بۇغداي دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋىدى، ئاستىنىڭ نەم ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە سەۋەبىنى سورىدى. سودىگەر بۇغداينىڭ يامغۇر سەۋەبىدىن نەملىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، نەم بۇغداينى نېمىشقا ئۈستىگە چىقىرىپ قويمايسەن؟ بۇنداق قىلساڭ، خېرىدار بۇغداينىڭ نەملىكىنى قانداق

بىلىدۇ؟» دېدى، ئاندىن: «بىزنى ئالدىغانلار بىزدىن ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇردى[①].

تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىدە تىجارەت ۋە سودا ـ سېتىققا ھاكىم بولغان ئاھى ھازارىتىغا مەنسۇپ بىر ئاھى ئاتىنىڭ ئۇستىلىققا كۆتۈرۈلگەن بىر ياشقا قىلغان نەسىھىتى ھارام ۋە يولسىزلىق بىلەن باشقىلارنى ئالداپ ئېرىشكەن پايدىدىن يىراق تۇرۇش ھەققىدە بەكمۇ مەنىلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ نەسىھىتى مۇنداق ئىدى: «ھارامغا قارىما، ھارامنى يېمە، ھارامنى ئىچمە؛ راستچىل، سەۋرچان، چىدامچان بول؛ يالغان ئېيتما، چوڭلاردىن بۇرۇن سۆز قىلما؛ ھېچكىمنى ئالدىما، قانائەتچان بول؛ دۇنيا مېلىغا تەمەخور بولما، خاتا ئۆلچىمە، كەم تارتما؛ كۇچلۇك ۋە ئۇستۇن بولغىنىڭدا ئەپۇ قىلىشنى، دەرغەزەپ بولغىنىڭدىمۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى بىل، ئۆزەڭ موھتاج تۇرۇپ باشقىلارنى يۆلەيدىغان دەرىجىدە مەرت بولغىن!»

ھازىرقى دەۋرىمىزدە، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ سېتىقتا سەمىمىيلىكتىن ئايرىلماسلىق ۋە تىجارەتتە

[①] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

راستچىل بولۇشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاھى ھازارتىدىن ئۆگىنىدىغان كۆپ پەند ـ نەسىھەت بار.

## مۇئامىلە ساختىپەزلىكى

ئىسلام دىنىدا ھەر ئىنساننىڭ مۇئامىلىدە دۇرۇست، سەممىي ۋە راستچىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالدىدا دوستىدەك كۆرۈنۈپ، ئارقىسىدىن دۈشمەنلىك قىلىش دىنغا تامامەن خىلاپ بولۇپ، بۇ مۇئامىلىدىكى ساختىپەزلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان باشقا بىر مۇسۇلمانغا قولى ياكى تىلى ئارقىلىق زىيان يەتكۈزمەيدىغان كىشىلەردىن بولۇشى لازىم[1]. ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەقەفى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام ھەققىدە شۇنداق بىر سۆز قىلغىنكى، سەندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىمدىن قايتىلاپ سورىماي، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

ـ اللهقا ئىشەنگەنلىكىڭنى ئېيت، ئاندىن دۇرۇست بول! ــ دەپ جاۋاب بەردى[1]. ئۇلۇغ الله مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللهتۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[2].

ئىنسانلار مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئاشكارا ـ مەخپىي قىلغان ھەر ئىشىنى بىلىدۇ، كۆرىدۇ ۋە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ[3]؛

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە فۇسسىلەت، 30 ـ ئايەتتىن 32 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە جاسىيە، 29 ـ ئايەتكە؛ سۈرە ياسىن، 12 ـ ئايەتكە؛ سۈرە كەھف، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەرگە؛ سۈرە زۇخرۇف، 80 ـ ئايەتكە قاراڭ.

ھېچنېمە ئۇنىڭغا مەخپىي بولمايدۇ[1]؛ ئىنسان ئەمەل دەپتىرىدە ياخشى ـ يامان، چوڭ ـ كىچىك بارلىق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە گۇناھ ـ ساۋابلىرىنىڭ يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ[2]؛ دۇنيادا قىلغان تېرىقچىلىك ئەمىلىمۇ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ[3]؛ بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ، ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىدۇ، تۆۋبە قىلمىغان ياكى ئىلاھىي مەرھەمەتكە نائىل بولمىغان مەئسىيەتلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[4].

ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سەمىمىي مۇناسىۋەت قۇرۇشى، ئۇنسى ـ ئۈلپەت بولۇشى، بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى تەشۋىق قىلىنىدۇ. مۇئمىنلەر بىر ـ بىرىنى الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى، مۇناسىۋەتلىرىنى ماددىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرماسلىقى كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى قۇرۇلىدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 6 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە كەھف، 49 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە لوقمان، 16 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[4] سۈرە جاسىيە، 30 ـ ۋە 31 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

مۇناسىۋەتتە ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ساختىپەزلىك ۋە خوشامەت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ھەمىشە بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىن تۇرۇشقا، ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىشقا تىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەقەللىي پرىنسىپلارنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىۋاتقانلىقىنى، راستچىللىق ئازىيىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ماددىي مەنپەئەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سۈنئىي ۋە ساختا دوستلۇقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىماقتىمىز.

دۇنيا ھاياتىدا ساختىپەزلىكنىڭ ئوخشىمىغان تۈر ۋە شەكىللىرى بار. بۇنىڭغا ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنى ئالدىشى، بەزى ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن يالغاندىن ئۆيلىنىش، ۋاپات بولغان ئاتا ـ ئانىنىڭ پېنسىيە مائاشىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئاجرىشىپ، كېيىن رەسمىي نىكاھ بولماي تۇرۇپ بىللە ياشاش قاتارلىق قىلمىشلارنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە ھەرقايسى كەسىپلەردىمۇ ساختىپەزلىك كەڭ ـ كۆلەمدە يېيىلماقتا. ئوقۇماي، ئۆگەنمەي تۇرۇپ يالغان دىپلوم

بىلەن بەزى كەسىپ ـ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆزىنى دۆلەت مەمۇرى، مۇدىر ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق قىلىپ تونۇتۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مۇئامىلىلەرنى قىلىش قاتارلىقلار مۇشۇ ساھەدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىۋاتقان ساختىپەزلىكلەرگە مىسال بولالايدۇ.

بۇ خاتا مۇئامىلە ۋە جىنايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي مەنىدە قورقۇش ۋە ئۆز قىلمىشىدىن ھېساب بېرىش چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان ۋە ھېچقانداق ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئېتىبار بەرمەيدىغان كىشى پەقەت ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئەخلاق ـ ھايانى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، باشقىلارنى ئالداش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يامانلىقلارنى قىلغاندا قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ.

ھەمىشە ياخشىلىق، خەيرلىك ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، مۇئامىلىسىدە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپى قىلغان مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا، مەيلى قايسى شەكىلدە بولمىسۇن، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك، كۆز

بويامچىلىقتا ئورۇن يوق. ئىنسانلار بىر ـ بىرى بىلەن ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، تىجارەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، نىكاھ، قىسقىسى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە دۇرۇستلۇق ـ سەمىمىيلىكنى ئۆلچەم قىلىشى، ساختا مۇئامىلىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

ساختىپەزلىكنىڭ ئاۋۋۇپ كېتىشى جەمئىيەتتە ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ قالماسلىقىنى ۋە ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىڭ خۇنۇكلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ھاياتقا ئىنتىلىشى سەۋەبىدىن، مەنىۋىي بايلىقلار ۋە ئەخلاقىي ھېس ـ تۇيغۇلار بارغانسېرى بىر چەتكە قايرىلىپ قېلىۋاتماقتا. ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە سەمىمىيەت قالمىغان جەمئىيەت ئىنسانلىرى ھەر قىسما قىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ياكى بۇ ئىنسانلار مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بىر يەرگە جەم بولۇۋاتماقتا. يېڭى نەسىللەرنىڭ ئەقىللىق، تادان بولۇشى ۋە ئەڭ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەرنى ئىگەللىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلار، پەرزەنتىنىڭ ئەدەپ

ـ ئەخلاقلىق، دۇرۇست، سەممىي، ياخشى ئىنسان بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيۋاتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ساختىپەزلىكنىڭ ھەممە تۈرى بالىلارنىڭ دۇنياسىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تېپىۋاتماقتا. ھالبۇكى، دىن ھەرقانداق ساختىپەزلىكنى، يالغانچىلىقنى، ساختا قىياپەتنى ۋە شەخسىيەتچىلىكنى چەكلەپ، سەممىي ۋە دۇرۇست بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

## ئىلمىي ساھەدىكى ساختىپەزلىك

ئاكادېمىيە ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەتىجىلەرنى مەنبە ئەسكەرتمەي تۇرۇپ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدەك كۆرسىتىش، مانا بۇ ساھەدىكى ساختىپەزلىكنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى. ئىلمىي مېتودلارغا رىئايە قىلىش ــ ئىلمىي خىزمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى.

ئىلمىي مەلۇماتلارنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىۋېتىش، ستاتىستىكىلىق ھېسابلارنى

قالايمىقان قىلىۋېتىش، ھېچقانداق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماي تۇرۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغاندەك ئويدۇرمىكەشلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدەك مەنبە كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئېلان قىلىش قاتارلىقلار ئىلمىي ساھەدىكى ساختىپەزلىكنىڭ بىر قانچە تۈرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

باشقىلارغا ئائىت پىكىر، ئىجادىيەت، تەتقىقات نەتىجىسى ياكى كىتابىنىڭ ھەممىسىنى ياكى مەلۇم قىسمىنى كۆچۈرۈپ ئېلىش، تەرجىمە قىلىپ نەشرگە سۇنۇش ۋە مەنبە كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى سۈپىتىدە ئېلان قىلىش — ئىلمىي ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشقىلاردىن نەقىل قىلىنغان جۈملە ياكى پاراگرافنى تىرناق ئىچىگە ئېلىپ، ئارقىدىن ئەسلى مەنبەسى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

بۇ ساھەدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەدەپسىزلىكتىن يەنە بىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك بولۇپ، تاپشۇرۇق، ئىمتىھان، پىلان ۋە دوكلات قاتارلىقلاردا باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتىكى ناھەق ئۇتۇقلارغا

يول ئاچماقتا. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي، ئىمتىھاندا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ناھەق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا بەكمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ مېھنەتسىز نەتىجە ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان سەلبىي تەسىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا كۆچۈرمىكەشلىككە قەتئىي يول قويماسلىق كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم[1].

## ساختىنىڭ زىتى: ھەق ۋە ھەقىقەت

دىندا تەشۋىق قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش شەخس، جامائەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ساختىپەزلىكنىڭ زىتى بولغان دۇرۇستلۇق

[1] ئاسلى تولۇن: «ئىلمىي ھاياتتىكى ناچار قىلمىشلار»، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئايلىق ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل، 174 ـ سان؛ 18 ـ ۋە 19 ـ بەتلەر.

ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش ھەم شەخس ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك ئەڭ ئەقەللىي ئاساسلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. دۇرۇستلۇق ۋە ھەق ـ ھوقۇققا ھۆرمەت ـ ئېتىبار قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

ھەق ۋە ھەقىقەتكە ئەڭ ئۈستۈن ئېتىبار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ــ ساختىپەزلىكنىڭ يوقىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەلدىن بىرى. جەمئىيەتتە ھەقىقەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقى ـ پەزىلەت ئىكەنلىكى تونۇپ يېتىلگەن ۋە ئومۇملاشقاندىلا، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ھىيلىگەرلىك ۋە كۆز بويامچىلىققا ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش، ئۆزى ۋە سۆزى پاك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان سەۋىيەگە يېتىدۇ.

دۇنيادا بەھوزۇر ۋە خاتىرجەم ھايات پەقەت ھەقىقەتنى ئالدىنقى پىلانغا قويىدىغان، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ساختىپەزلىك ۋە رىياكارلىقتىن يىراق ئىنسانلارغا ئايلانغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرغان ۋە

ھەقىقەتنى ئۆزگە پرىنسىپ قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا بەھوزۇر ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇ دۇنيادا ئەبەدىي گۈزەللىكلەر ۋە ئىلاھىي نېمەتلەرگە نائىل بولىدۇ.

# خاتىمە

يەر يۈزىدە تۇنجى ئىنسان يارىتىلغاندىن بۇگۈنگە قەدەر دۇرۇستلۇق ۋە ياخشىلىق پەزىلىتىنىڭ ئومۇمىلىشى ئۈچۈن تىنىماي ئەجىر سىڭدۈرگەن كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە، باشقىلارنىڭ ھايات ھەققىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، ھىيلىگەرلىككە ئىنتىلىدىغان، ئىنسان ھاياتىنى ئۆزىنىڭ ھېرسى ۋە مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدىغان كىشىلەرمۇ ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ھاياتقا تۆھپە قوشۇش ئېتىقادى بىر ياقتا تۇرسۇن، ھاياتلىقنى تالان ـ تاراج قىلىش ئېڭى بىلەن ياشايدىغان، پۇتمەس ـ تۈگىمەس ھېرىس ۋە شەخسىيەتچىلىككە يېڭىلگەن كىشى كۆزلىرىنى ھەقىقەتكە چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ناھەق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا ۋە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. مانا بۇ خىل ئىنسانلار دۇنياۋى ھېرىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يارايدىغان

ھەرقانداق ۋاستىنى يوللۇق دەپ بىلمەكتە. شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، ناھەقچىلىك، ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك قاتارلىق قىلمىشلار نورمال ئەھۋالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتماقتا، پۇل ـ مال، نام ـ شۆھرەت ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بولسا، ئۇلار ئارزۇلايدىغان يېگانە بايلىققا ئايلىنىپ قېلىۋاتماقتا.

يەر يۈزى بىز ئىنسانلار ئۇچۇن ئامانەت، ھايات بولسا، ئىنسانغا بېرىلگەن ھەدىيەدۇر. بىزگە بۇ ھاياتنى ئاتا قىلغۇچىغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزدە بار بولغان ئېسىل خىسلەتلەرنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن تولۇپ ـ تاشقان مېھرى ـ مۇھەببەت بولۇشى كېرەك.

ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن، قانچىلىغان ھايات نېئمىتى ۋە ھۆرمەت ـ ئېتىبار بەخشەندە قىلىنغان ئىنسان ئۆزىگە ئاتا قىلىنغانلارنىڭ ھەققى ئۇچۇن (دۇنياغا) نېمە ياكى نېمىلەرنى بېرەلەيدىغانلىقىنى، قانداق ياخشىلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ كۆرۈشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر بىر ئىنسان ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئۇنچە كۆپ ۋە

گۈزەل نىيەتلەر ئالدىدا ھاياتقا، ئىنسانىيەتكە ۋە نىھايەت ئۆزىنى ياراتقۇچىغا قەرزدار بولۇپ، بۇ قەرز ئۆزىنى ياراتقۇچى قىلغان ئىھسانغا لايىق جاۋاب قايتۇرۇش، دۇرۇست، ئىشچان، مېھنەتكەش بولۇش، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە توغرا يولدىن ئازماسلىق بىلەن ئادا بولىدۇ. شۇندىلا، دۇنيانى ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە مەنىپەئەت توقۇنۇشىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەم ياشاشقا بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن.

جەمئىيەتتە ئەسكىلىك، خاتالىق ۋە ناھەقچىلىككە بىردەك قارشى تۇرۇش، قىسقىسى، كوللېكتىپ ئاڭغا ئىگە بولۇش بەكمۇ مۇھىم. جەمئىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ناھەقچىلىك ۋە نامۇۋاپىق قىلمىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، دەسلەپتە ئانچە كەڭ تارقالمىغان ۋە مەلۇم دائىرىدە تارقالغان ئەسكىلىكلەر كۆنسېرى پۈتۈن جەمئىيەتكە يېيىلىپ كېتىدۇ. نامۇۋاپىق قىلمىشلار پەقەت مەلۇم شەخس بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ، ئوغرىلىق، ھىيلە، ساختىپەزلىككە ئوخشاش قەبىھ قىلمىشلارنىڭ ئاقىۋىتى پۈتكۈل جەمئىيەتكە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. چۈنكى بۇ قىلمىشلار جەمئىيەتنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ،

ھوزۇرىنى بۇزىدۇ. ئىسلام دىنى جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان بۇنداق قانۇنسىز قىلمىشلارنى چەكلەش بىلەن بىرگە، بۇ خىل قىلمىشلارغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇ بولىدىغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئورتاق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرىدۇ.

ناچار قىلمىشلارغا كۆز يۇمۇۋېلىش ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ۋە ياخشىلىقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان مۇئمىنلەرگە پەقەتلا ياراشمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇئمىنلەر ئىش ـ پائالىيىتىنى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى كۆرسەتكەن ئىستىقامەتكە مۇناسىپ يۆلىنىشتە يۈرگۈزىدۇ. پەسكەشلىك، ئەسكىلىك، ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق قىلىشقا، رەببىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئېھسانىغا يارىشا پايدىلىق ئىشلارنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ. الله تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. ئۇلۇغ الله ئېھسان ئېگىسى بىلەن باشايدىغان ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ نېئمەت ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللەنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[1]

تۈركىيەدە 1998 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق

[1] سۈرە ئال ئىمران، 133 ـ ئايەتتىن 136 ـ ئايەتكىچە.

قىلمىشلىرى ئۈستىدىن مەھكىمىگە سۇنۇلغان ئەرزنامىلەرنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىنى تېما قىلغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ خىل جىنايى قىلمىشلار بەش يىل ئىچىدە ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەن[1].

مانا بۇ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساختىپەزلىك جىنايەتلىرى دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە نىسبەتەن كۈنسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئەخلاقىي مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، مەسىلىنى پەقەت جازا تەدبىرلىرى ئارقىلىقلا ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى نامايەن بولۇۋاتماقتا. ئائىلىلەر، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق شەخس ۋە تەشكىلاتلار، تەلىم ـ تەربىيە ئورگانلىرى بۇ ھەقتە بەكمۇ مۇھىم ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئىنسانلارغا ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزىدىغان قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھاياتنى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئومۇمىي ئەخلاققا مۇناسىپ شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇش ئېڭىنى سىڭدۈرۈشى كېرەك.

---

[1] مۇھەررەم سونگۈر: «دۆلىتىمىزدە ساختىپەزلىك جىنايەتلىرى»، تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئايلىق ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل، 6 ـ ئاي، 174 ـ سان، 25 ـ 26 ـ بەتلەر.